


# سەكپارە بولغان يۈرەك، ۋەيران بولغان هايات:

## زۇلۇم ئايرىۋەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قاباھەتلىك كەچۈرمىشلىرى

AMNESTY INTERNATIONAL

**Amnesty International is a movement of 10 million people which mobilizes the humanity in everyone and campaigns for change so we can all enjoy our human rights. Our vision is of a world where those in power keep their promises, respect international law and are held to account. We are independent of any government, political ideology, economic interest or religion and are funded mainly by our membership and individual donations. We believe that acting in solidarity and compassion with people everywhere can change our societies for the better.**

© Amnesty International 2020
Except where otherwise noted, content in this document is licensed under a Creative Commons (attribution, non-commercial, no derivatives, international 4.0) licence.
https://creativecommons.org/licenses/by-nc-nd/4.0/legalcode
For more information please visit the permissions page on our website: www.amnesty.org
Where material is attributed to a copyright owner other than Amnesty International this material is not subject to the Creative Commons licence.
First published in 2021
by Amnesty International Ltd
Peter Benenson House, 1 Easton Street
London WC1X 0DW, UK


**Index: ASA 17/3798/2021**
**Original language: English**

**amnesty.org**

***Cover photo:*** *Cover illustration, Children were taken to state-run orphanage and boarding school in Xinjiang where they were subjected to heavy surveillance and were taught songs about "loving your motherland".*
*© Amnesty International*

# سەكپارە بولغان يۈرەك، ۋەيران بولغان ھايات:

## زۇلۇم ئايرىۋەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قاباھەتلىك كەچۈرمىشلىرى




*© Amnesty International*

ئالاھەزەل تۆت يىل بۇرۇن، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ياكى ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار قايتىدىن قاباھەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى بىر ياكى بىرقانچە پەرزەنتلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىدىكى يەنى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شىنجاڭ) دىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بېقىپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلغان ئىدى.

ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئېتنىك مىللەتلەرگە قارىتا تۇيۇقسىز ئېلىپ بارغان بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق باستۇرۇشىدىن خەۋەرسىز قالغان ياكى ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بېشىغىمۇ تەخمىن قىلىنىۋاتقان مىڭلىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ھاياتىغا كەلگەن بۇ قورقۇنۇچلۇق قىسمەتلەرنىڭ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي ۋە دىنىي كەمسىتىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بولۇپمۇ 2014-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ رايونى، دائىرىلەرنىڭ ئوچۇق -ئاشكارە ئېلىپ بارغان «تېررورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» ۋە «دىنىي ئاشقۇنلۇق» قا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قانات يايدۇرۇلغان كۈنسايىن كۆلەملىشىۋاتقان ساقچى كۈچلىرىنىڭ كۆچ كۆرسىتىشى ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك نازارەت قىلىشىغا شاھىد بولدى.

نازارەت قىلىش ۋە ئىجتىمائىي تەقىب قىلىش تەدبىرلىرى 2016-يىلدىن باشلاپ ناھايىتى تېز ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. 2017-يىلدىن باشلاپ ۋەزىيەت بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار، قازاقلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان خەلقلەر ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەخمىنەن بىر مىليوندىن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىلەر خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى «مائارىپ ئارقىلىق تەربىيلەپ ئۆزگەرتىش» ياكى «كەسپىي تەربىيلەش» مەركەزلىرىگە قامالغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە سىياسىي ئىدىيە سىڭدۈرۈش تەربىيىسى بىلەن مەجبۇرى مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىگە ئۇچراش قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى قىيناش ۋە خورلۇقلارغا ئۇچرىغان.

دائىرىلەرنىڭ ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە قاتتىق قوللۇق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ۋە سىستېمىلىق زۇلۇم قىلىشلىرى قاتارلىق سەۋەبلەر ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ خىتايغا قايتىپ، بالىلىرىنى ئۆزلىرى بېقىش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ قويغان بولسا، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ خىتايدىن ئايرىلىپ، چەتئەللەرگە بېرىش ۋە ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىرگە جەم بولۇش ئىمكانىيەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلغان.

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار دەسلەپتە بۇ باستۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقى ۋە يېقىن ئارىدا ئۆيلىرىگە قايتىپ، بالىلىرىنى ئۆزلىرى بېقىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان. قانداقلا بولمىسۇن، دوستلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەگەر خىتايغا قايتىپ كەلسە، كېلىشى بىلەنلا لاگېرلارغا قامىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.


هازىر مۇشۇنداق لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئېتنىك مىللەتكە تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشقا ئۇچرىشىشىدەك ئەھۋاللار مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. دەسلەپىدە بالىلىرى بىلەن قىسمەن شەكىلدە ئالاقىلىشىش مۇمكىنلىكى بار بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى بېقىۋاتقان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلىشى ياكى تۈرمىگە قامىلىشى بىلەن بۇ ئالاقىلەر ئۈزۈلگەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ چەتئەلدە ۋاقىتلىق تۇرۇپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ ئاستا - ئاستا سۈرگۈن بولغان مۇساپىرلارغا ئايلىنىپ قېلىشىنى توسۇپ قالالمىغان.

يېقىندا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئىتالىيە، گوللاندىيە ۋە تۈركىيىدە ياشايدىغان بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئالتە نەپەر ئاتا-ئانا بىلەن تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ئۇيغۇر ئائىلىلەرنىڭ خىتايدا قاپسىلىپ قالغان بالىلىرى بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن نەقەدەر ئىنتىزار بولۇۋاتقانلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا بايا قىلىنىدۇ.

### بالىلار قەيەردە؟

گەرچە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىز-دېرىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشىشى ھەمىشە ئىنتايىن مۈشكۈل ياكى مۇمكىنچىلىكى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئاتا-ئانىلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە شەرتلىك بەلگىلەرنى قوللىنىپ ئالاقىلىشىش، رەسىم ۋە سىن كۆرۈنۈشلىرى ئەۋەتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، قىسمەن يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەن. ئۇلار بۇ ئۇچۇرلاردىن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ دۆلەت ئاچقان «يېتىم بالىلار لاگېرى» ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ.

### ئائىلە جەم بولۇشنىڭ گىرۋىكىدە: تۆت ئۆسمۈرنىڭ خەتەرلىك سەپەر سەرگۈزەشتىسى



© Amnesty International

مېھرىبان قادىر ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ئابلىكىم مەمەتئىمىننىڭ ئەسلى يۇرتى قەشقەردىن بولۇپ، ئۇلار ساقچىلارنىڭ بىر قانچە قېتىم پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ. ساقچىلار ئۇلارنىڭ پاسسپورتلىرىنى ساقچى پونكىتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار 2016-يىلى ئىتالىيەگە قېچىپ كېتىدۇ.



© Mihriban Kader

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ساقچىلار يەنە تۆت بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان مېھرىباننىڭ ئاتا-ئانىسىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا، مېھرىباننىڭ ئاپىسى لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىدۇ ۋە دادىسى بىر نەچچە كۈن سوراق قىلىنىپ، كېيىن نەچچە ئاي دوختۇرخانىدا ياتىدۇ.

بۇ ئىش بىلەن بالىلار باققۇچىسىز قالىدۇ. مېھرىبان خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا-ئانامنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىشتىن كېيىن، بىزنىڭ باشقا تۇغقانلىرىمىز بالىلىرىمىزنى بېقىشقا پېتىنالمىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ لاگېرلارغا ئەۋەتىلىشىدىن قورققان».

مېھرىبان بىلەن ئابلىكىم 2019-يىلى نويابىردا ئىتالىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ جەم بولۇشى ھەققىدە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن جەم بولۇش ئارزۇسىدا يېڭىدىن بىر ئۈمىد پەيدا بولغان ئىدى.

ۋالەنكى، بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ 12، 14، 15 ۋە 16 ياشلاردىكى تۆت بالىسى قەشقەردىن يەنى خىتاينىڭ پاكىستان چېگرىسىغا يېقىن يەردىن دېڭىز قىرغىقىدىكى شاڭخەيگە 2020-يىلى 6-ئايدا بېرىپ، ئىتالىيىنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولغان 5000 كىلومېتىر (3100 دېڭىز مىلى) مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدىغان سەپەرگە چىقىشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار شاڭخەيگە بېرىش سەپىرىدە نۇرغۇنلىغان خېيىم- خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بەلگىلىمىلەر بويىچە بالىلارنىڭ پويىز ياكى ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىشى ھەم خىتاي ئىچىدە بالىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سەپەر قىلىشى چەكلىنەتتى.

كەمسىتىش سىياسىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى سەۋەبىدىن، مېھمانخانىلار ياتاق يوقلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرۇشىنى رەت قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، بالىلار قەيسەرلىك بىلەن شاڭخەيگە يېتىپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



© Amnesty International

باللار قوللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك پاسپورتلىرىنى تۇتقاندا ھالدا ئاخىرى ئىتالىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ باردۇ. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا خۇددى ئاتا-ئانىلىرى دەرۋازىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلار پات يېقىندا بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغاندەك ئۈمىدلەرگە تولغان ئىدى. باللارنىڭ بۇ ھاياجانلىق دەقىقىلىرى، ئۇلارنىڭ كونسۇلخانىغا كىرىشىنىڭ رەت قىلىنىشى بىلەن تەڭ ناھايىتى تېزلا قۇرقۇنچقا ئايلىنىدۇ.

ئۇلارغا ئائىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋىزىسىنىڭ پەقەت ئىتالىيىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەلچىخانىسىدا بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ ۋاقىت يەنى 2020-يىلى 6-ئاي بولۇپ، بېيجىڭغا بېرىشى قاتتىق چەكلەنگەچكە، كىشىلەر باشقا جايلاردىن ئۇ يەرگە سەپەر قىلالمايتتى. بۇ ئىش سەۋەبلىك باللارنىڭ يۈرەكلىرى قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە باللار كونسۇلخانىنىڭ ئالدىدا بىرەرسىنىڭ چىقىپ ياردەم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەكسىچە، ئەلچىخانىنىڭ بىر خىتاي مۇھاپىزەتچىسى كېلىپ، ئەگەر ئۇلار قايتىپ كەتمىسە ساقچىغا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ.

باللار يەنىلا ئۈمىدسىزلەنمەستىن، ئىتالىيە ۋىزا ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ ، ئىتالىيىنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىش ئىلتىماسىنى قىلغان. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە، 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، بۇ تۆت باللارنىڭ ھەممىسى ساقچىلار تەرىپىدىن تۇيۇقسىز تۇتۇلغان. كېيىن ساقچىلار بۇ باللارنى قەشقەردىكى يېتىم-يېسىرلار مەكتىپى ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن.

باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن جەم بولۇشىغا شۇنچىلىك ئاز ۋاقىت قالغان ئىدى. ئەگەر شۇ كۈنى كونسۇلخانىدىكى ئىشلار نەتىجىلىك بولغان بولسا، بەلكىم باللار خىتاينىڭ يېتىم باللار لاگېرلىرىدا غايىپ بولۇپ كېتىشىدىن كۆرە، بۇ مىنۇتلاردا خوشاللىق ئىلكىدە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قىلغان سەپەرلىرىنى ئەسلىشىپ ئولتۇرغان بولاتتى. يېقىنقى ئەھۋالدىن مەلۇمكى، مېھرىبان بىلەن ئابلىكىم پەرزەنتلىرىنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرىمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى 2016-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ پاسپورتىنى سىستېمىلىق ھالدا مۇسادىرە قىلىشقا باشلىغان. دائىرىلەر كىشىلەرنىڭ پاسپورتلىرىنى يەرلىك ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئىمكانىيىتى بار نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەر چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشنى قارار قىلغان. كېيىنچە پاسپورتى بولمىغاچقا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەلمىگەن باللىرى ئۈچۈن قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان. ئەمما ئاتا-ئانىلار چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، خىتاي ئەلچىخانىلىرى ياكى كونسۇلخانىلىرى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئاتا-ئانىلار ھېچقانداق مەلۇماتلارغا ئېرىشەلمىگەن، ئەكسىچە ئۇلار پەقەت "شىنجاڭغا قايتىپ كەت" دېگەن جاۋابنى ئالغان. ئېنىقكى، ئەگەر ئۇلار قايتىپ بارسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشىغا ۋە باشقا تۈرلۈك شەكىلدىكى قانۇندىن ھالقىغان جازالاشلىرىغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

## قىزىمدىن ئايرىلىپ قالدىم: ھازىر 1594 كۈن بولدى ۋە داۋاملىق كۈن ساناۋاتىمەن

ئۆمەر فارۇخنىڭ ئىستانبۇلدا كىتاب دۇكىنى بار ئىدى. ئۇ 2016-يىلى نويابىردا سەئۇدى ئەرەبىستاندا بولۇپ، بىر كۈنى كەچتە ئايالى مەريەم فارۇخ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، يەرلىك ساقچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ پاسپورتىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىرىگەن ئۆمەر، ئايالى مەريەمگە پاسپورتىنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكنى، دەرھال ئۆزىگە ۋە پاسپورتى بار ئىككى چوڭ قىزلىرى ئۈچۈن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىشنى تاپىلايدۇ.


© Amnesty International

ئۇلارنىڭ 5 ۋە 6 ياشلاردىكى ئىككى قىزلىرىنىڭ كىملىك گۇۋاھنامىسى تېخى چىقمىغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ كۆلەمدىكى پاسپورت يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى كۆزدە تۇتقان مەريەم ۋە ئۆمەر باشقا بىر ئىمكانىنىڭ يوقلىغىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىككى قىزىنى شىنجاڭنىڭ كورلا شەھەر مەركىزىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ بېقىپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىپ، كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆمەرنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. 2017-يىلى ئۆكتەبىردە، ئۇ بىر دوستى ئارقىلىق قېيناتا ۋە قېينانىسىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئۆمەر خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دېدى: «مەن ئائىلىسى ۋەيران قىلىنغان مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى بىرىمەن... بىز 1594 كۈندىن بۇيان قىزلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. مەن ۋە ئايالىم يېنىمىزدىكى باللىرىمىزدىن قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پەقەت كېچىلىرى يىغلايمىز.».

ئۇ بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقان ۋاقىتتا ئاۋازى ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقاتتى «مەن قىزلىرىمىز ئۈچۈن ھەر قانداق بەدەللەرنى تۆلەشكە تەييارمەن. ئەگەر مەن قىزلىرىمنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلسەم، جېنىمنى قۇربان قىلىشقا ھازىرمەن ...».

ئۆمەرنىڭ ھەممە باللىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر 2020-يىلى 6-ئايدا تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بۇ ئىشلار كەلگەندىن بۇيان، ئۇ تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىككى كىچىك قىزىنى خىتايدىن تۈركىيىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. گەرچە تۈركىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئۆمەرگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشنى باشلىغانلىقىنى 2020-يىلى 8-ئايدا ئۇقتۇرغان ۋە 2020-يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بۇ ھەقتە دىپلوماتىك نوتا تاپشۇرغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇلار بۇ قىزلارنى تۈركىيىگە ئېلىپ كېلەلمىگەن.

«مېنىڭ ئىنسانىيەتكە دەيدىغان بىر گېپىم بار. سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى بىزنىڭ ئورنىمىزغا قويۇپ بېقىڭ، بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ كەچۈرمىشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، بىز ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىڭ.»

www.uyghurkitap.com

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا بوۋا-مومىلىرى بىلەن بىر مەزگىل بىللە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار بولسا، ئۇلار پەرزەنتلىك بولۇشنى كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خىتايدىن ئايرىلىپ، باشقا يەرلەردە ۋاقىتلىق تۇرۇپ تۇرۇش يوللىرىنى تاللايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىتاينىڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقان تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ ئېغىر جازالىشىغا ئۇچرىشىدىن، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك بولغان تۇغۇپ- كۆكلەشتىن ئىبارەت ئۆزلىرىنىڭ ئادەمىيلىك ھوقوقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

## ئوغلۇمنىڭ ھايات بىخەتەرلىكى ۋە ئەھۋالى ھەققىدە ماڭا مەلۇمات بەرسۇن

رىزۋانگۈل ئابلىز 2014-يىلى دۇبەيدە پىركازچىك بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوغلى (ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۈچ ياشتا ئىدى) نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەدنىڭ ھەمراھلىقىدا بولۇپ، ئۇلار ھەر يېرىم يىل ئەتراپىدا بىر قېتىم رىزۋانگۈلنى يوقلاپ تۇراتتى.

رىزۋانگۈل ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشاشنى پىلان قىلغان ئىدى. بىراق رىزۋانگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ مەكتەپ يېشىغا يەتكىچە خىتايدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشىنى، شۇنداق قىلغاندا رىزۋانگۈلنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. رىزۋانگۈل بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلغان ۋە ئۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ دۇبەيدە يەرلىشىپ بولالايدىغانلىقى ۋە ئوغلىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشىنىڭ تەييارلىقىنىمۇ پۈتتۈرۈپ بولالايدىغانلىقىنى ئويلىغان ئىدى.

رىزۋانگۈل خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەر قېتىم شىنجاڭدىكى يۇرتۇمغا قايتىپ دەم ئالغىلى بارغاندا، ئوغلۇم بىلەن بىر ئاي بىللە تۇراتتىم. ئۇ ۋاقىت مېنىڭ ئاجايىپ خۇشال بولغان دەقىقىلەر ئىدى. ئوغلۇمنىڭ مېنى دۇبەيگە يوقلاپ كەلگەن چاغلىرى مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل مىنۇتلار ئىدى».

رىزۋانگۈلنىڭ نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەد دۇبەيدە خىزمەت بىلەن تۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ 2017-يىلى 3-ئايدا كېسەل بولۇپ قالغان ئاپىسىنى يوقلاش ئۈچۈن شىنجاڭغا بارىدۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، رىزۋانگۈل ئالدىدىن قىلغان پىلانى بويىچە ئۆيىگە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە ھەدىسى ۋەزىيەتنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى، خىتايغا قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئېيتىدۇ ئەمما ئۇ، ئۇ ۋاقىتلاردا ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.


© Amnesty International

رىزۋانگۈل سىڭلىسىدىن مۇھەممەدنى سورىغاندا، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن «مەكتەپ» كە «ئۆگىنىش» كە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىدۇ. دېمەك رىزۋانگۈل بۇ گەپنىڭ مەنىسىدىن مۇھەممەدنىڭ «قايتا تەربىيىلەش» لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى.

9-ئايدا، رىزۋانگۈل ئوغلىنى بېقىۋاتقان سىڭلىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ ۋە سىڭلىسىنىڭ، بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزلىرىگە تېلېفون قىلماسلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن رىزۋانگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيا قاراڭغۇلىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ رىزۋانگۈل ئوغلى ۋە سىڭلىسى بىلەن، ھەم شىنجاڭدىكى دوستلىرى بىلەن ئالاقە قىلالمايدۇ. ئۇ ھازىر گوللاندىيەدە گوللاند تىلى ئۆگەنمەكتە.

«مېنىڭ قانداق ھېس-تۇيغۇلاردا بولۇۋاتقىنىمنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ھەقىقەتەنمۇ تەس. مېنى ھاياتتا ئۈمىد بىلەن ياشاشقا ئۈندەۋاتقان بىردىنبىر نەرسە شۇكى، مېنىڭ ئوغلۇم ھاياتمۇ، ئۇ بىخەتەرمۇ، ساق تۇرۇۋاتامدۇ، مەن پەقەت شۇنى بىلىشكە ئىنتىلىپلا ھايات تۇرۇۋاتىمەن...». رىزۋانگۈل بۇ سۆزلەرنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئېيتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ تامچە ياشلىرى مەڭزىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى.

«ئەگەر ھازىر مەن ئوغلۇم بىلەن پاراڭلىشالىغان بولسام، مەن ئۇنىڭغا "مېنى كەچۈر ئوغلۇم، سېنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كەلدىم، بىراق مەن سېنى باقالمىدىم. مەن سەن ئۈچۈن لاياقەتلىك ئانا بولالمىدىم" دەيتتىم.» رىزۋانگۈل بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ چىقاتتى.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ «سىز ئائىلىڭىزگە تېلېفون قىلالماسلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، سىز بالىلىرىڭىزنىڭ، ئاتا-ئانىڭىز ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى نەچچە يىللار بىلمەي ئۆتىسىز. بىراق ھازىر مىليونلىغان ئۇيغۇرلار ئائىلىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەزەلدىن بۇنداق بىر قىسمەتنىڭ بېشىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدۇق، ئەمما بۇ ئىش يۈز بەردى. بىزگە ياردەم قىلىڭلار».

پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ خىتاي سىرتىدا ياشاۋاتقان ئاتا-ئانىلار باللىرىنىڭ سانى ئازدى قانچىلىك، بۇ باللارنىڭ لاگېر ياكى تۈرمىلەردە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەش تولىمۇ قىيىن. ھازىر شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى تولۇق ھۆججەتلەشتۇرۇپ يېزىپ چىقىش ئىنتايىن ناھايىتى مۈشكۈل چۈنكى بۇ ھەقتە ئاشكارا سانلىق مەلۇماتلار كەمچىل، ھەم رايونغا بېرىپ تەكشۈرۈش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

## قايتىپ كېتەيمۇ ياكى قايتىپ كەتمەيمۇ؟



© Amnesty International

دىلنۇر ئەسلى قەشقەردىن بولۇپ، ئۇ ھازىر 11 ياشلىق قىزى تەنزىلە بىلەن بىللە ياشايدۇ ۋە ئۇ كانادادا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

ئۇ 2016-يىلى قىزى بىلەن بىللە تۈركىيىگە كەلگەن، چۈنكى ئۇلار دائىم يەرلىك ساقچىلارنىڭ قاتتىق پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان، ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىنى بىر قانچە قېتىملاپ ئاختۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ھىجابنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلغان.

دىلنۇرنىڭ ئىككى قىزلىرى (بىر قىزى 11 ياش، يەنە بىر قىزى 9 ياش) ئۈچۈن دائىرىلەردىن پاسپورت ئېلىشى ئۈچۈن بىر يىلدەك ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، ساقچىلار ئۇنىڭ 7 ياشلىق ئوغلىنىڭ پاسپورت ئىلتىماسىنى رەت قىلغان. دىلنۇر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، يەرلىك ساقچىلار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ئەگەر ئۇلار دىلنۇرنىڭ ئوغلىغا پاسپورت بەرسە، ئۇنىڭ خىتايغا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

دىلنۇرنىڭ كىچىك قىزىنىڭ ئاللېرگىيە كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، سالامەتلىكى ياخشى بولماي قالغىنى ئۈچۈن ئۇ چەتئەلگە چىقالماي قېلىپ قالغان. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىلنۇر قىزى بىلەن ئوغلىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. دىلنۇر خىتايدىن كېتىپ بىر نەچچە ئايلاردىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ئارقىلىق كىچىك قىزىنىڭ پاسپورتى ساقچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى بىلگەن.

2017-يىلىنىڭ بېشىدا، دىلنۇر ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. سىڭلىسى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ «قايتىپ كېلىشىڭىز كېرەك» دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى دادىسى بېقىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن ھەر ھەپتىسى سائەتلەپ سوراق قىلىنغان. دىلنۇر نېمىشقا دەپ سورىغاندا، سىڭلىسى ئېسەدەپ تۇرۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «چۈنكى ھۆكۈمەت سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئائىلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى سىزگە باغلىق. ئەگەر سىز دەرھال قايتىپ كەلمىسىڭىز، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمىزمۇ جازاغا ئۇچرايدۇ ۋە لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىدۇ.»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى، ئەمما دىلنۇرنىڭ دۇنياسى ۋەيران قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى پۈتۈنلەي دىلنۇرنىڭ خىتايغا قايتىش ياكى قايتىپ بارماسلىق قارارىغا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پۈتۈنلەي ئازاب ۋە چارىسىزلىق چۈلغىغان. ئەگەر ئۇ خىتايغا قايتىپ بارغان تەقدىردىمۇ باللىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ۋە لاگېرغا قامىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

بۇ ئىشتىن كېيىن دىلنۇر نېمە قىلارىنى بىلمەي نائىلاجلىق ئىچىدە تېپىرلىدى ۋە بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ئۇخلىيالمىدى. كېيىن ئۇ دادىسىدىن ۋە تۇغقانلىرىدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇچۇردا دىلنۇرنىڭ ئوقۇشنى تاماملاشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان ئىدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي دىلنۇرنىڭ دادىسىدىن يەنە بىر ئۇچۇر كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇندا دەيدۇ: «دىلنۇر ھەرگىز قايتىپ كەلمىسۇن».

ئەگەر دىلنۇر قايتىپ بارسا ئۆزىگە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى دادىسىنىڭ ياخشى بىلىدىغانلىقى، شۇڭا دادىسىنىڭ ئۆزىنى خېيىم -خەتەردىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق قارارنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دىلنۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە تۇغقانلىرىنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقى، ناۋادا ئۇ قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ دائىرىلەر ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

2017-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ، دىلنۇر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئىككى بالىسىغا نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. دىلنۇر بارلىق ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ ئەمما نەتىجىلىك بولمايدۇ.

«مەن بالىلىرىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تىرىشتىم، ئەمما مەغلۇپ بولدۇم. مەن بىر چاغلاردا بىر ھەپتىلەرچە ھەر كۈنى دېگۈدەك بالىلىرىمنىڭ مەن ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىدەك قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆردۈم. چۈشۈمدە ئوقۇتقۇچى بالىلىرىمغا "ئاپاڭلار سىلەرنى تاشلاپ كەتتى" دەۋاتقىدەك... » شۇنىڭدىن كېيىن دىلنۇر يامان چۈش كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ كېچىلىرى ئۇخلىيالماس بولۇپ قالىدۇ.

دىلنۇر كانادادا مەڭگۈلۈك تۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كانادا ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراشنى پىلانلىغان.

ئۇ تۈركىيىدە تۇرغان مەزگىلدە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە پرېزىدېنتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر قانچە پارچە خەت يازغان. ئۇ ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، دۇنيانى ھەرىكەتكە كېلىشكە چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى: «بالىلىرىم ۋە ئائىلەمدىكىلەرگە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ مەن سىزدىن، بىزنىڭ ئامان قېلىشىمىز ئۈچۈن قولىڭىزدىن كەلگەن ياردەملەرنى قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. مەن بارلىق كىشلەردىن ئىنسانچىلىقتا مەھكەم تۇرۇشنى، بىز ئۈچۈن گەپ قىلىشنى، بىزنى قوللىشنى، بىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى ۋە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇ پاجىئەنىڭ بالىلىرىمىزغا كېلىشىگە يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلىمەن.»

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار كۆپىنچە ھالدا ئۆزلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە، خىتايدا قالغان تۇغقانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئوچۇق - ئاشكارە گەپ قىلىشتا ئىككىلىنىدۇ. بىراق مۇشۇنداق قېيىن تاللاشلارغا قارىماي، بۇ ئالتە ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەھۋاللارنى ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا بىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز باللىرى بىلەن تېزرەك جەم بولۇشىغا ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

## «ئۆيدە كادىرلار بار»

مامۇتجان قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئۇ ھازىر ئاۋستىرالىيىدە ياشايدۇ. ئۇ مالايسىيادا ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئايالى مۇھەررەم ئىككى يىل كۈتۈپ پاسپورتىنى ئالغاندىن كېيىن، بوۋاق قىزى بىلەن بىللە 2012-يىلى مالايسىياغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جەم بولغان ئىدى.

مامۇتجان ئايالى ۋە قىزى بىلەن بىللە بولغان كۈنلەرنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەررەم ۋە قىزىمىز تۇنجى قېتىم كۇئالالۇمپۇرغا كەلگەندە شۇنداق ھاياجانلىق دەقىقىلەر ئۆتكەن ... ئۇ كۈن مېنىڭ ھاياتىمغا ئەڭ بەختلىك ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئەسلىمە بولۇپ سىڭىپ كەتكەن ئىدى».

بۇ خۇشال كۈنلەر ئۈچ يىلغا يېقىن داۋاملىشىدۇ ۋە 2015-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مۇھەررەمنىڭ پاسپورتىنى يېڭىتىۋېلىپ قويۇشى، كېيىن خىتاينىڭ كۇئالالۇمپۇردىكى باش ئەلچىخانىسى ئۇنىڭغا پاسپورت بېرىشنى رەت قىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كېيىن مۇھەررەم ئەينى ۋاقىتتىكى بەش ياشقا كىرگەن قىزى مۇخلىسە بىلەن ئالتە ئايلىق بولغان ئوغلى ھىكمەتنى ئۆز بىلەن بىللە ئېلىپ، پاسپورتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن خىتايغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشنى نورمال ئىش بېجىرىش تەرتىپى بويىچە ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ چۈشەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ، خىتاينىڭ 2017-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق ۋە ئۇزۇن يىللارغا سوزۇلغان ھىجرانلىق كۈنلەر باشلىنىدۇ.

مۇھەررەم ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسى ئاخىرى قەشقەردە ئىنتايىن قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى. مامۇتجان 2017-يىلى 4-ئايغىچە مۇھەررەمنىڭ لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشىدىن بىر كۈن بۇرۇن نورمال ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. مۇھەررەم ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، باللار بوۋا ۋە مومىلىرى بىلەن بىللە قالىدۇ. ھەم بۇ ئىشتىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، مامۇتجاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزلىرى بىلەن قايتا ئالاقىلاشماسلىقىنى ئېيتىدۇ. مامۇتجاننىڭ نۇرغۇن دوستلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىدىكى «دوستلۇق» باغلىنىشلىرىنى ئۈچۈرۈۋېتىدۇ.

ئىككى يىلدىن بۇيان، مامۇتجان ئايالىنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلەلمەيدۇ، ھەم ئاتا-ئانىسى ياكى قېيناتا-قېينانىسى بىلەنمۇ ئالاقىلىشالمايدۇ. 2019-يىلى مايدا، مامۇتجان - ئوغلىنى بىر تۇغقىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ھېساباتىغا چىقارغان سىن كۆرۈنۈشى ئارقىلىق كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا: «ئاپام ئوقۇش پۈتتۈردى!» دەپ توۋلايدۇ. ئاندىن مامۇتجان ئاخىرى ئۆزىگە بىر ئاز خاتىرجەملىك تاپقاندەك ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ سىن كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، ئايالىم چوقۇم لاگېردىن قويۇپ بېرىلدى دەپ چۈشەنگەن ئىدى.



ئۇ سىن كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن، «بۇ بەلكىم ئائىلىمىزنىڭ قېيىن ئەھۋالىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدۇ. مامۇتجان ئاخىرى ئاتا-ئانىسىغا مۇۋاپىق بىر پۇرسەت تېپىپ تېلېفون قىلىشنى قارار قىلىدۇ ۋە 2019-يىلى 8-ئايدا تېلېفون قىلىدۇ.

ئاپىسى تېلېفوننى ئالغاندا ئۇ شۇ قەدەر ھاياجانلىنىدۇ. مامۇتجان تېلېفوندا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەقەت سىلەرگە ھېيت مۇبارەك بولسۇن دېمەكچى ئىدىم، سىز بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەندىن كېيىن، قايتا تېلېفون قىلمىغىلى بەك ئۇزاق بوپتۇ...». ئاپىسى تىترەك ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ «ئۆيدە كادىرلار بار» دەپ تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ توختىماي تېلېفون قىلىدۇ، بىراق تېلېفون لىنىيىسى ھەمىشە مەشغۇل ھالەتتە چىقىدۇ. مامۇتجاننىڭ قارىشىچە، ئاتا-ئانىسى بۇ تېلېفون لىنىيىسنى قەستەنلىك بىلەن ئۈزۈۋەتكەن. شۇڭا ئۇ قايتا تېلېفون قىلالمىغان ۋە بۇنىڭدىكى سەۋەپ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغان. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا دائىرىلەرنىڭ ئۇلارنى چەتئەلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلدى دەپ قاراپ لاگېرغا ئاپىرىپ قاماپ قويۇشىدىن ياكى باشقا تۈرلۈك جازالارنى بېرىشىدىن قورققان.

ئۆتكەن يىلى مامۇتجان دوستلىرىدىن شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن قىسمەن ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئايالى مۇھەررەمنىڭ داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. بىر دوستى مامۇتجانغا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ «بەش ياش» قا كىرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مامۇتجان بۇ سۆزنى ئايالىم 5 يىللىق تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. يەنە بىر دوستى مۇھەررەمنىڭ «دوختۇرخانا» غا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئۇيغۇرلار تىلىدا قوللانغان شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن جازا لاگېرى ياكى تۈرمىنى كۆرسىتىدۇ.

مامۇتجان ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئوغلىنىڭ - قېينانىسى بىلەن، قىزىنىڭ بولسا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇشقىلى ئۇنىڭ يۇرتىغا بارغاندا تارتقان ۋە كېيىن مامۇتجان تاپشۇرۇپ ئالغان ئىككى پارچە سىن كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن شۇنداق پەرەز قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇ قەدەر ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىشنى ھېچ ئارزۇ قىلمايمىز. بۇ خۇددى سىزنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقىڭىز ياكى كۆپ سانلىققا ئىگە خىتايلاردىن پەرقلىق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ھاياتىڭىزدىكى تۆت ياكى بەش يىللىق ئۆمرىڭىزنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر ئىش.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مامۇتجان خىتاي ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىردۇ: «ئەگەر ئۇلاردا ئىنسانىيلىق بار بولسا، خىتاي دائىرىلىرى كىشىلەرگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشنى توختىتىشى ۋە كىشىلەرنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك. ئۇلار بىزگە جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. مەن ئۇلارنى، بۇ ئۆتكۈزۈۋاتقان رەھىمسىزلىكىنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن... بۇ بەك ئازابلىق ۋە ناھايىتىمۇ ئادالەتسىزلىك، ئۇلارنىڭ بۇ جىنايەتلىرىنى توغرا تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان سۆزمۇ تېپىلمايدۇ ». ئۇ ھازىر ئاۋستىرالىيە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقىلاشقان، ئەمما ئۇلار مامۇتجاننىڭ دائىم تۇرۇشلۇق ئاۋستىرالىيە ئاھالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان قورقۇنۇچلۇق خەۋەرلەر

مەرىيەت مەتنىياز ۋە يولدىشى تۇرغۇن مەمەت 2017-يىلى مارتتا مەرىيەتنىڭ ئىستانبۇلدا كېسەل بولۇپ قالغان دادىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغىلى شىنجاڭدىن تۈركىيىگە كېلىدۇ. مەرىيەت شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەن شەھىرىدە ئۇلتىرا ئاۋاز دولقۇنى دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن، تۇرغۇن ئۆي-مۈلۈك ۋە شىنجاڭدىكى قىممەتلىك تاشلارغا مەبلەغ سالغان سودىگەر ئىدى. ئۇلار بىر ئايلىق ۋىزا بىلەن تۈركىيىگە كەلگەن بولۇپ، ئىشلىرىنى تۈگىتىپ خىتايغا تېزرەك قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان ئىدى. ئۇلار سەپەرگە چىققاندىن كېيىن، تۇرغۇننىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئاپىسى 6،8، 9 ۋە 11 ياشلاردىكى تۆت بالىلىرىنى بېقىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار مەرىيەتنىڭ دادىسىنى بېقىش ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، بۇرۇن تۈركىيىگە ساياھەتكە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى توغرىسىدا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كېتىش پىلانىنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ.

مەرىيەت ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەۋرچانلىق بىلەن بىر قانچە ئايلار كۈتۈپ تۇرساق، ۋەزىيەت ياخشىلانغان چاغدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىمىز دەپ ئويلىغان ئىدۇق. دەرۋەقە، بىز كۈتتۇق، بىراق ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. ھۆكۈمەت پەقەت چەتئەلگە ساياھەتكە چىققان كىشىلەرنىلا ئەمەس، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە ساقال قويغانلارمۇ قولغا ئېلىشقا باشلىدى. بىز ۋەتىنىمىزدىكى تۈرمىلەردە يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئاڭلىدۇق ۋە قايتىپ كېتىشتىن قورقتۇق.»

2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۇرغۇننىڭ ئاپىسى ۋە بالىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىن 1500 كىلومېتىر (930 دېڭىز مىلى) يىراقلىقتىكى خوتەنگە بالىلىرى بىلەن بىللە مەجبۇرى كۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ شۇ يەردە ياشايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك رەسمىي نوپۇس رەسمىيىتىنى بېجىرىپ ئەنگە ئالدۇرۇلغانلىقىنى بىلىدۇ.

تۇرغۇن سىڭلىسى ئامىنەدىن ئاپىسىنىڭ خوتەنگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ پاجىئەلەر تېخىمۇ كۆپ ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار خوتەنگە قايتىپ بەش كۈن ئۆتمەيلا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاتالمىش يېتىم بالىلار ئۈچۈن ئېچىلغان 'ئەيشىن بالىلار يەسلىسى' گە ئېلىپ كېتىلگەن.

مەرىيەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمايدۇ: «مېنىڭ بالىلىرىم بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئىش مېنىڭ روھىي ساغلاملىقىمغا تەسىر قىلدى». ئۇ دائىم كېچىلىرى قورقۇنۇچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ، يېرىم كېچىدە يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان.

«كونىلارنىڭ 'بالىلار يۈرەك، بالىلار ھايات' دەيدىغان بىر گېپى بار. مەن بۇ جۇدالىقتىن ئۆزۈمنى خۇددى يۈرىكىم ۋە ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن...». ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «مەن ئۈچۈن بۇ ھاياتىمنىڭ مەنىسى مېنىڭ بالىلىرىمدۇر. مەن ھەر ۋاقىت بالىلىرىمنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھازىر قانداق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ تۇرىمەن.»

تۇرغۇن كېيىنكى بىر قانچە ئايلاردا، بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سىڭلىسىدىن شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن بالىلىرى توغرىسىدىكى قىسمەن ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرغان. دەسلەپتىكى مەزگىللەردە، ئامىنە ھەپتىدە بىر قېتىم بالىلارنى يوقلاپ تۇرغان. ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتكەندىن ئامىنەنىڭ بالىلارنى يوقلىشىغا يول قويۇلمىغان. 2018-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ تۇرغۇننىڭ سىڭلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغان.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرغۇننىڭ قېيىن-سىڭلىسى ئۇنىڭغا ئامىنەنىڭ ساقچىخانىدا سوراق قىلىنىش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقان. تۇرغۇن بىلەن مەرىيەت ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ پاجىئەدىن قاتتىق چۆچىگەن ۋە ئۆزلىرىنى يوقىتىپلا قويغان. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار قېيىن-سىڭلىسىنىڭ 2018-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلگەن. ھازىر ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر ئالالىغۇدەك بىرەر ئادەممۇ قالمىغان.

مەرىيەت ۋە تۇرغۇن تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، تۈركىيە پرېزىدېنتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە ۋە خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش ئەلچىخانىسىغا نۇرغۇن قېتىم خەت يازغان. ئەمما ئۇلارنىڭ خەتلىرى جاۋابسىز قالغان. مەرىيەت مۇنداق دەيدۇ: «مەن، بالىلىرىدىن، ئاتا-ئانىلىرىدىن، تۇغقانلىرىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بارلىق بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قايتا جەم بولۇپ بىللە ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىن-بىر ئارزۇيۇم.»

[ئەسكەرتىش: بۇ تۆت بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى بار بولۇپ ئۇنىڭدا، بالىلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسىملىرى «ئاتىسى ۋە ئاپىسى» دەپ ئېنىق يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ قىسمەتلەر ئەلجەزىرە ۋە بىر قانچىلىغان تۈرك گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.]

خىتاينىڭ نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇلار ئۇستىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش، جۈملىدىن خەلقئارا قانۇندىكى بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنىڭ يوقىرى پەللىسى يېتىپ كەلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى 1992-يىلى «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» نى تەستىقلىغان. «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» نىڭ 9-ۋە 10-ماددىلىرىغا ئاساسەن، خىتاي ھۆكۈمىتى چوقۇم بالىلارنى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىكى ۋە بالىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىشە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. (3-ماددا)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار ھوقۇقى كومىتېتى شۇنى ئېنىق قىلىپ بېكىتكەن، يەنى بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىش ھوقۇقىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا، ئەگەر شۇ ئەسلى دۆلەتتە ئائىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ساھىبخان دۆلەت ۋە ئەسلى دۆلەت ئىمكانقەدەر باشقا جايدا ئائىلە جەم بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىلار- ئۆز ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان دائىملىق بىۋاستە ئالاقىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەسىلەن، ئەگەر بالىلار دۆلەت تەرىپىدىن يېتىم بالىلارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا ياكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە نەزەربەند قىلىنغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاتا-ئانىلارغا ياكى شۇ ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا بالىنىڭ ئىز-دېرىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشى كېرەك.

بىكىر ئەركىنلىكى، كىشىلىك مەخپىيەتلىك ۋە ئائىلە تۇرمۇش ھوقۇقلىرى بويىچە، بالىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق كىشىلەرنىڭ چېگرانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چەتئەلدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىش، ئۇلارنى ئىزدەش ۋە ئۇلار ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئېرىشىش ئىمكانلىرى يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

2016-يىلى ئۆكتەبىردە، دائىرىلەر رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن ساياھەت قىلىشنى چەكلەشكە ئۇرۇنغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن خەۋەرلەر تارقالغان ئىدى. ئەركىن ساياھەت قىلىش ھوقۇقى بىر كىشىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ساياھەت قىلىش كىملىكىگە ئېرىشىش قاتارلىق ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھوقۇقلار خالىغانچە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئەگەر بۇ خىلدىكى چەكلەشنىڭ سەۋەبىدە ئېنىق بولغان قانۇنىي ئاساسلار بار بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ چوقۇم پەقەتلا مەلۇم قانۇنىي مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈرىيىتى توغۇلغان شارائىت ئاساسىدا بولۇشى ۋە مۇۋاپىق سالماق بىلەن قوللىنىلغان بولۇشى، ئەمما كەمسىتىلىشكە ئۇچۇرماسلىق قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېيتىشىچە خىتاي  كونسۇلخانىلىرى ئۇلارنىڭ پاسپورت يېڭىلاش ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلغان ۋە بۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن خىتايغا قايتىپ بېرىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان. بىر دۆلەتنىڭ زۆرۈر بولمىغان قائىدە-قانۇنلارنى چىقىرىپ، مەمۇرىي تەدبىرلەرگە ئاساسەن پاسپورت ئىشلەپ بېرىشنى ياكى ئۇنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى رەت قىلىشى قاتارلىق قىلمىشلىرى، كىشىلەرنىڭ ساياھەت قىلىش ئەركىنلىك ھوقۇقىغا قىلىنغان دەخلى-تەرۇز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خىتايغا ئەركىن-ئازادە بېرىش ۋە چىقىش ئىلتىماسلىرىنى، بولۇپمۇ ئائىلە جەم بولۇش ئىلتىماسلىرىنى بېجىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىجابىي، ئىنسانىي مۇئامىلىگە ئۇچرىشى، ھەم ئىلتىماسىنىڭ تېز ۋە نەتىجىلىك بولۇشى قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئاتا-ئانا ياكى بالىلارغا زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئائىلىلەرنى مەجبۇرى ئايرىۋېتىش سىياستى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مەجبۇرى يېتىم-يېسىرلار ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى، جۈملىدىن بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئاساس قىلغان كەمسىتىلىش ۋە جازالاشلارغا ئۇچراش قاتارلىق قىلمىشلار بالىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە بىرلەشتۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆز-ئارا بىۋاستە ۋە دائىملىق ئالاقە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئىگىلىگەن دېلولاردىن مەلۇم بولدىكى، چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش شىنجاڭدىكى جازا لاگېرلىرىغا خالىغانچە قامىلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەلدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ، جۈملىدىن جازا لاگېرلىرىغا، تۈرمىلەرگە ياكى دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى باشقا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشكارىلىشى كېرەك.

بۇ خىلدىكى ئۇچۇرلارنى مەخپىي تۇتۇش، بالىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا ئېرىشىش ھوقۇقىغا خالىغانچە ئارىلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ("بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى" نىڭ 16-ماددىسى).



# تەۋسىيەلەر:

**خىتاي ھۆكۈمىتىگە:**

• باللارنىڭ خىتايدىن ئايرىلىشىغا ۋە ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇمكىن قەدەر تېزدىن جەم بولۇشىغا يول قويۇشى ۋە بۇ تەلەپلەر مەيلى باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ياكى چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئاكا-ئۇكىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

• ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ ئەركىن ھالدا خىتايدىن ئايرىلىش ۋە بېرىش ھوقۇقلىرىغا قويۇلۇۋاتقان بارلىق چەكلەش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن.

• ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، مۇستەقىل تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە ژۇرنالىستلارنىڭ شىنجاڭغا تولۇق ۋە چەكلىمىسىز ھالدا زىيارەتكە بېرىشىغا، رايوندا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك.

• سىياسىي «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى» تاقالسۇن، مەھبۇسلار كەمسىتىلمىگەن دەرھال شەرتسىز ۋە دەرھال قويۇپ بېرىلسۇن.

• خىتاينىڭ دىپلوماتىك ياكى كونسۇل ئورگانلىرى ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئىدارىلىرى بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدىشى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خىتايدا ئورۇنلىشىشىغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

• بولۇپمۇ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىللىرىدا، تەدبىر قوللىنىش قانۇنلۇق دەپ قارالغان ئەھۋاللاردىن باشقا، دائىرىلەر شىنجاڭدىن كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ، گەرچە ئۇ كىشى باشقا دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، دەخلى-تەرۇزسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

• باللارنى مەجبۇرى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، پەقەت مەسئۇل ئورگانلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاستە دەپ قارالغانلىقى ئىناۋەتكە ئىگە ئەدلىيە تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن ئەھۋاللاردىن باشقا، دائىرىلەرنىڭ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇيغۇر باللىرىنى ئاتا-ئانىسى ياكى ھامىيچىللىرىدىن مەجبۇرى ئايرىۋېتىش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشى كېرەك.

• بۇ مەسىلىگە ناھايىتى جىددىي مۇئامىلە قىلىنىشى، باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى ياكى ھامىيچىسىنىڭ رۇخسىتىسىز دۆلەت قارمىقىدىكى ئورگانلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بارلىق باللار قويۇپ بېرىلىشى كېرەك.

**باشقا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە:**

• بارلىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسلىرىنىڭ ئادىل ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار قايتۇرۇۋېتىلسە، ئاقىۋەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە خورلۇقلارغا ئۇچراش ۋەياكى ئۇلارنىڭ ھەر قانداق مەجبۇرى قايتۇرۇۋېتىش بۇيرۇقىغا قارشى ئەرز قىلىش ئىمكانىيەتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارغا تەپسىلى قاراپ چىقىشى كېرەك.

• پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن بارلىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت مۇساپىرلىرىنىڭ كۆچمەنلىك سالاھىيەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدە ياشىشىغا يول قويۇلۇشى، ھەم ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشى، باللىرى بىلەن ئالاقىلىرىنى ئورنىتىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق بولغان ياردەم ۋە مەسلىھەتلەرنى بېرىشى كېرەك. ھەم بۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتتە ئۇچراۋاتقان ئالاھىدە قىسمەتلىرى ئېتىبارغا ئېرىشىشى لازىم.

• ئائىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى ھەققىدە قارار قىلىشتا، ئىجرا قىلىش زۆرۈر بولغان مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئويلىشىشى، بولۇپمۇ باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسىدىكى نىزامنامىلەر بويىچە، باللارنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ئاتىسى ۋەياكى ئاپىسى تەرىپىدىن ئىلتىماس قىلىنغان ئائىلە جەم بولۇش ئىلتىماسىنى بېجىرىش مەقسىتىدە، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگەن دۆلىتىگە قايتىپ بارسا، دائىرىلەر چوقۇم ئىجابىي، ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى تېز ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا بېجىرىپ بېرىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# AMNESTY INTERNATIONAL IS A GLOBAL MOVEMENT FOR HUMAN RIGHTS. WHEN INJUSTICE HAPPENS TO ONE PERSON, IT MATTERS TO US ALL.


## CONTACT US

info@amnesty.org

+44 (0)20 7413 5500

## JOIN THE CONVERSATION

www.facebook.com/AmnestyGlobal

@Amnesty

# سەكپارە بولغان يۈرەك، ۋەيران بولغان هايات:

## زۇلۇم ئايرىۋەتكەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ قاباھەتلىك كەچۈرمىشلىرى

ئالاھەزەل تۆت يىل بۇرۇن، چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ياكى ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار قايتىدىن قاباھەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى بىر ياكى بىرقانچە پەرزەنتلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىدىكى يەنى خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شىنجاڭ) دىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بېقىپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلغان ئىدى.

ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئېتنىك مىللەتلەرگە قارىتا تۈيۇقسىز ئېلىپ بارغان بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن قاتتىق باستۇرۇشىدىن خەۋەرسىز قالغان ياكى ئاقىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بېشىغىمۇ تەخمىن قىلىنىۋاتقان مىڭلىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ھاياتىغا كەلگەن بۇ قورقۇنۇچلۇق قىسمەتلەرنىڭ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدى.

يېقىندا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاۋسترالىيە، كانادا، ئىتالىيە، گوللاندىيە ۋە تۈركىيىدە ياشايدىغان بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئالتە نەپەر ئاتا-ئانا بىلەن تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى ئۇيغۇر ئائىلىلەرنىڭ خىتايدا قاپسىلىپ قالغان بالىلىرى بىلەن جەم بولۇش ئۈچۈن نەقەدەر ئىنتىزار بولۇۋاتقانلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا بايا قىلىنىدۇ.

INDEX: ASA 17/3798/2021
MARCH 2021
LANGUAGE: UYGHUR



AMNESTY INTERNATIONAL